السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەبىگە ئەۋەتىدىغان تۆگىلىرىگە ئاسىدىغان بويانچۇلارنى ئېشىپ، بەلگە قىلىپ، ئۇنى ئېسىپ قوياتتىم، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كەبىگە ئەۋەتىۋېتىپ، ئۆزى مەدىنىدە تۇرغىنىدا، ئېھراملىق كىشىلەرگە چەكلىنىدىغان نەرسە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چەكلەنمەيتتى

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەبىگە ئەۋەتىدىغان تۆگىلىرىگە ئاسىدىغان بويانچۇقلارنى ئېشىپ، بەلگە قىلىپ، ئۇنى ئېسىپ قوياتتىم، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كەبىگە ئەۋەتىۋېتىپ، ئۆزى مەدىنىدە تۇرغىنىدا، ئېھراملىق كىشىلەرگە چەكلىنىدىغان نەرسە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چەكلەنمەيتتى، دېدى
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەيتۇللاھنى ئۇلۇغلايتتى ۋە ھۆرمەت قىلاتتى، ئۆزى كىلەلمىسە ئۇنى ئۇلۇغلاپ، شۇ يەردە تۇرىۋاتقانلارغا كەڭرىچىلىك يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، قۇربانلىق چارۋىلارنى ئەۋەتەتتى، قۇربانلىق مالنى ئەۋەتسە كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ بەيتۇللاھقا ئەۋەتىلگەن مال ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنى ھۆرمەت قىلىشى ۋە يامانلىق يەتكۈزمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا بەلگە سېلىپ بىر نەرسە ئېسىپ قوياتتى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇ خەۋەرنى تەكىتلەپ، ئۆزىنىڭ ئۇلاغىنىڭ بويانچۇقلىرىنى ئېشىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى مەدىنىدە تۇرۇپ قۇربانلىق چارۋىلارنى بەيتۇللاھقا ئەۋەتسە، ئېھراملىق كىشىلەر ساقلىنىدىغان خۇش-بۇي نەرسىلەرنى ئىشلىتىش، ئاياللارغا يېقىنلىشىش، تىكىلگەن نەرسىلەرنى كىيىشتەك ئىشلاردىن چەكلەنمەيتتى، بەلكى ھەممە نەرسە بۇرۇنقىدەك ھالال بولاتتى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3132